1994
ئىيول (قوش سان)
(3 - ۋە 4 - سان)
ئايلىق
سىياسى گېزىت

# شەرقى تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN ( DOĞU TÜRKİSTAN )

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان

## شەرقى تۈركىستان ئىگىسىز ئەمەس! ئەيسا ئەفەندىمگە پەخرى دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلدى



بۇيىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 25 مىليون شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز شەرەپلىك ۋە بەختلىك بىر كۈن بولدى. بۈگۈن، تۈركىيەنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىرى بولغان كونيا سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدېرى، بۈيۈك ھارماس مۇجاھىد ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە پەخرى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى بەردى.

داۋامى 3 - بەتتە

## خىتاينىڭ «ئەيسا گۇرۇھى» نى پارچىلاش قەستىنى بىت - چىت قىلايلى!

باش ماقالە

ھەربىر شەرقى تۈركىستانلىق شۇنى مەڭگۈ بىلىشى كېرەككى، نۆۋەتتە خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ مىللى كىملىكىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ھايات - ماماتلىق كۆرەش ئېلىپ بارماقتا. خىتاي فاشىستلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دەھشەتلىك زۇلمى، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەۋرى - تاقىتىنى تاشتۇرۇپ، شەرقى تۈركىستاننى ھەرزامان پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بىر ئەتلىك بومبا ھالىغا كەلتۈردى.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇجاھىتلىرىمىز ۋە كۈرەشچىلىرىمىز ئىنسانلىق ئالەمىنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالغان بۇ مۇقەددەس تۇپراقنى مۇستەملىكىچىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىنتايىن جاپالىق ۋە قىيىن شارائىتلار ئىچىدە، قولىدىن كېلىدىغان ئىلىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتمەكتە.

داۋامى 2 - بەتتە

## قازاقىستاندا خىتايغا قارشى نامايىش




ئۆز خەۋەرچىمىز: بۇيىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئوتتۇرا ئاسىيادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان يۈسۈپبەك مۇخلىس رىياسەتچىلىكىدىكى «شەرقى تۈركىستان دېموكراتىك مىللى بىرلىك سەپى»، قەھرىمان غوجامبەردى رىياسەتچىلىكىدىكى «دۆلەتلەر ئارا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» ۋە قازاقىستان «نۋادا شەمەي» ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتىنىڭ لوپنۇر بۆلۈمى قاتارلىقلار بىرلىكتە ئالمۇتا شەھىرىدە بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شەرقى تۈركىستاندا يەنە بىر قېتىم ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بارغانلىقىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

بۇ قېتىمقى نامايىشقا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز، رۇس، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى بولۇپ 500 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

نامايىشچىلار قوشۇنى ئالمۇتادىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ، شوئار توۋلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرىنى توختىتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. ئەمما، خىتاي ئەلچىخانىسىدىكىلەر تاقا - چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

نامايىش ئەتىگەن سائەت 11 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 4 كىچە داۋام قىلدى. نامايىشچىلار شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

## زىيا سەمەدى 80 ياشتا

ئۆز خەۋەرچىمىز: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قازاقىستان دۆلەتلىك يازغۇچىلار بىرلەشمىسى ئالمۇتا شەھىرىدىكى مەشھۇر «ئاباي» تىياترخانىسىدا داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى لىدېرى، مەشھۇر دراماتورگ، يازغۇ-

داۋامى 4 - بەتتە



# تۈرك دۇنياسى ياشلىرى قۇرۇلتىيىدا شەرقى تۈركىستان ھەققىدە مۇھىم قارار ئېلىندى

ئۆز مۇخبىرىمىز: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۈركىيە ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان تۈرك دۇنياسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەركىتىنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش ھەققىدە مۇھىم قارار ئېلىندى. پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدىكى 26 تۈرك توپلۇقىدىن كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللىرى ۋە تۈركىيىنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر زاتلىرى ھەمدە مىللەت ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان بۇ يىغىنغا، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدەرى، بۈيۈك مۇجاھىد ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندى، «شەرقى تۈركىستان» گېزىتىنىڭ ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىن ۋە بىر قىسىم شەرقى تۈركىستانلىق ياش مۇجاھىدلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.




يىغىندا ئەڭ ئالدى بىلەن بۈيۈك مۇجاھىد ئەيسا ئەپەندى سۆز قىلىپ، يىغىن ئەھلىگە قىزىل خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش سىياسىتىنى تەپسىلى ئاڭلاتتى ھەمدە شەرقى تۈركىستاندىكى 25 مىليون تۈرك خەلقىنىڭ خىتاينىڭ تەھدىدى ئاستىدا يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى، شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان قانداش، دىنداش قېرىنداشلىرىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىلىق ئالەمىنىڭ جىددى ياردەم بېرىشى كېرەكلىكىنى مۇراجەت قىلدى.

يىغىندا، پۈتۈن تۈرك توپلۇقلىرىدىن كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىكىنى قوغداش، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىنتىلىشلىرىنى بىلدۈرۈشتى. يىغىن ئاخىرىدا تۈرك دۇنياسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللىرى باياناتنى ئېلان قىلىپ، شەرقى تۈركىستاندىن تارتىپ بوسنا - ھەرسەككىچە بولغان پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدىكى تۈركلەرنىڭ مىللىي كىملىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بايانات تېكىستىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەزەربەيجان - ئەرمەنىستان ئۇرۇشى پەقەت ياڭغۇزلا ئەزەربەيجاننىڭ مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ مەسىلىسى. بوسنا - ھەرسەكتىكى قېرىنداشلىرىمىز داۋاملىق ۋەھشىلىك تۈردە قىرغىن قىلىنماقتا. بىز بۇ قىرغىنچىلىقلارنى قوللاپ كېلىۋاتقان ياۋروپا بىرلىكى ۋە شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىمىز! رومانىيە تۈركلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ھەقلىرىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى، ساناجاق ۋە كوساۋا تۈركلىرىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى قوللايمىز! 50 يىلدىن بېرى بالقان تۈركلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان رەزىل سىياسەتلەرگە ۋە خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان تۈرلۈك ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش سىياسەتلىرىگە قاتتىق قارشى تۇرىمىز!



بىز تۈرك ياشلىرى شىمالى قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ تونۇلۇشى، شۇنداقلا شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كۈرەشنى قانات يايدۇرىمىز!». بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى پىرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، شەرقى تۈركىستاننىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن تۈرك توپلۇقلىرىنىڭ مەسىسى، ساداقەتلىك دوستى نامىك كامال زەيبەك ئەپەندى سۆز قىلىپ، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنى بىرلىك، باراۋەرلىك ئاساسىدا تېخىمۇ مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ، تۈركى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ۋە كەلگۈسى بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

# لى پېڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىنىڭ ماھىيىتى

تۈركىيە «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتىنىڭ 94 - يىل 5 - ماي سانىدىكى خەۋىرى: خىتاينىڭ باش مىنىستىرى لى پېڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانلارنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، بۇ دۆلەتلەرنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بولغان مەنىۋى جەھەتتىكى قوللىشىنى توختۇتۇشقا ئۇرۇندى.

لى پېڭ، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانلارنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا بۇ دۆلەتلەر بىلەن بىرقاتار سودا توختاملىرىنى ئىمزالىدى. چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەر، لى پېڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ ئاساسى مەقسىتىنىڭ بۇ دۆلەتلەرنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بولغان مەنىۋى قوللىشىنى توختۇتۇش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشتى.

### لى پېڭنىڭ قازاقىستان بىلەن ئاڭلاشمىسى

لى پېڭ بىلەن قازاقىستاننىڭ پىرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋنىڭ ئۆز ئارا تۈنجى قېتىم چېگرا كېلىشىمنامىسى ئىمزالىغانلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلغان چەتئەل كۈزەتكۈچىلىرى، «خىتاي شەرقى تۈركىستان چېگرىسىنى تۈنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت چېگرىسى سۈپىتىدە بىر تۈرك دۆلىتىگە ئېتىراپ قىلدۇردى» دېدى. خىتاي بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا 1956 - يىلى ئىمزالانغان كېلىشىمنامىدىن كېيىن يەنە تۈنجى قېتىم چېگرا كېلىشىمنامىسى ئىمزالانغانلىقىنى بىلدۈرگەن مۇتەخەسسىسلەر، قازاقىستاننىڭ بۇ قېتىم خىتاي بىلەن ئىمزالىغان چېگرا كېلىشىمنامىسىنىڭ بىر تارىخى خاتالىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ قېتىم قازاقىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا يەنە سودا توختىمىمۇ ئىمزالاندى، توختامنامىغا ئاساسەن خىتاي قازاقىستاندىن نېفىت مەھسۇلاتلىرى سېتىۋالىدۇ، بۇنىڭ بەدىلىگە قازاقىستانغا تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى، ئاپتوموبىل ئۈسكۈنىلىرى ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرى سېتىپ بېرىدۇ، بۇ ئارىدا خىتاي قازاقىستاندا 30 مىليون يۈەنلىك قەرز پۇل ھېساۋاتى ئاچىدۇ.

### قازاقىستاندىكى لى پېڭنىڭ زىيارىتىگە قارشى ھەرىكەتلەر


بۇ قېتىم لى پېڭ بارغانلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە لى پېڭنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىگە قارشى ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، قازاقىستاندا شەرقى تۈركىستانلىق كۆچمەنلەر لى پېڭگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى، قازاقىستان بىخەتەرلىك كۈچلىرىنىڭ قاتتىق مۇداھىلىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى زىيارەت مەزگىلىدە، بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان ياشلارنىڭ رەسىملىرى ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان شەرقى تۈركىستانلىقلار، لى پېڭگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى

( ئەيسا ئەفەندىمنىڭ كونيا سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتىدە پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش مۇراسىمىدا بەرگەن دوكلاتى )

مۆھتەرەم تۈرك قېرىنداشلىرىم:

ئەزەربەيجان، ئىدىل - ئۇرال ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان مۇستەقىللىققە ئېرىشتى، بۇ تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەسىر كۆرسىتىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن خىتايلار، شەرقىي تۈركىستاندا جىددىي ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالماقتا. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى غەربىي تۈركىستان چېگرا بويلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان پۇقرالىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا ھەيدەۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يېرىگە « خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى » نىڭ پېنسىيىگە چىققان خادىملىرىنى يەرلەشتۈرمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرغان ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇش ھالىتىگە ئەكېلىپ، يېزا - بازار ۋە شەھەر كوچىلىرىدا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئاشۇردى ھەمدە پايتەخت ئۈرۈمچىگە لەنجۇ ھەربىي رايونىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.



( سۈرەتتە: شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھاشاردا )

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى سېكرېتارى، خىتاينىڭ باش مىنىستىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پات - پات شەرقىي تۈركىستانغا شاپاشلاپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي قىسىملىرىنى بۇيەردە «سوتسىيالىزمنى، خەلق دىكتاتورىسىنى ۋە ئاناۋەتەننىڭ پۈتۈنلىكىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم قورغان قۇرۇپ چىقىشقا » چاقىرماقتا.

خىتاينىڭ باش مىنىستىرى لى پېڭ بۇ يىل 4 - ئايدا، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىماسلىققا قول كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى بۈگۈن ئىنسانچە ياشاش، مۇستەقىل ياشاش ۋە تارىخ سەھنىسىدىن يوقاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆلۈم - كۈرەش قىلماقتا. پەقەت خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىگە يۈرگۈزۈۋاتقان نوپۇس، ئىختىسات، مائارىپ، مەجبۇرىي ئىشقا سالدۇرۇش، مەجبۇرىي پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ۋە ئاتوم سىناق قىلىش سىياسەتلىرى، شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ مىللىي كېلەچىكىگە جىددىي تەھدىت ئېلىپ كەلمەكتە.

1949 - يىلى ئاران 300 مىڭ بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسى، رەسمىي ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ھازىر 6 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى، بۈگۈن ھەركۈنى شەرقىي تۈركىستانغا 7 مىڭ خىتاي يەرلەشتۈرۈلمەكتە. خىتايلارنىڭ نىيىتى كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستانغا 100 مىليون خىتاي يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىدى، شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنى غايەت زور خىتاي قاينىمى ئىچىدە ئېرىتىپ تۈگەتمەك.

خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئالدى - كەينى ئۈزۈلمەي كېلىپ يەرلىشىشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى ھازىر ئۆز يۇرتىدا ئازسانلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە ۋە ئىشسىزلىق، يوقسۇزلۇق ئازابىنى چەكمەكتە.


ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا مۇھىم ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا خىتايلار بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىش يەرلىرىنىڭ 90 پىرسەنتىنى خىتايلار ئىگىلىگەن بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى خىتايلارغا قارىغاندا پەۋقۇلئاددە يۇقىرىدۇر!

شەرقىي تۈركىستان، ئۇران، پىلاتىن، ئالتۇن، كۈمۈش، كۆمۈر ۋە نېفىتقا ئوخشاش مول تەبىئىي بايلىققا ئىگە گۆھەر زېمىندۇر. شەرقىي تۈركىستاندا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ياپونىيە ئارخېئولوگلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت زاپاس مىقدارى 20 مىليارت توننا بولۇپ، تەبىئىي گاز مىقدارى 30 مىليارت مېتىر كۇب. ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا يىلىغا يەتتە مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلماقتا. ئەپسۇسكى، شۇنچە باي تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھازىرقى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى ئاران 45 - 50 دوللار ئەتراپىدىدۇر!

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ يۈزدە 85 پىرسەنتى دېھقاندۇر، خىتايلارنىڭ 1981 - يىلى يولغا قويغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش سىياسىتى، شەرقىي تۈركىستان دېھقانلىرىغا ھېچبىر پايدا بەرمىدى، دۆلەتكە بېرىدىغان باج - سېلىقلىرىنى ئۆتەشكە ئامالسىز قالغان 100 مىڭلارچە دېھقان تېرىلغۇ يەرلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرى بولماقتا، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن، شەرقىي تۈركىستاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئاران 0.28 گېكتار بولماقتا.

ھازىر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۈزدە 60 پىرسەنتى ساۋاتسىز، ئالىي مەكتەپ دەرىجىلىكلەرنىڭ يۈزدە 75 پىرسەنتى خىتاي بولغىنى ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپكە كىرىشنى ئىستىگەن يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىتايچىنى ياخشى بىلىشى شەرت قىلىنماقتا. ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ 97 پىرسەنتى خىتايچىنى ياخشى بىلمىگىنى ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەيۋاتىدۇ. خىتايچە دەرس بېرىلىدىغان مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلىيەلمىگىنى ئۈچۈن، مەقسەتلىرىنى خىتايچە ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈرك تىلى، مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشقان شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ھازىر بىر زامانىۋى ئېنسىكلوپېدىيىسى، ئىزاھلىق لۇغىتى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى يوقتۇر.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ نوپۇسى 25 مىليون بولۇپ، ھازىر پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئۇيغۇرلار ئىچىدە پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلار ئاران ئالتە نەپەر، ھازىر پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ يۈزدە 16 پىرسەنتى تۈركچىدۇر. « مىللەتچىلىك قىلدى »، « ئاناۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇندى » دېگەن بۆھتانلار بىلەن تۈرلۈك ئېغىر جازالارغا ئۇچرىغان تۈرك ئىلىم ئادەملىرى مىللىي تېمىلاردا ماقالە يېزىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. خىتايلار شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تۈركلەر بىلەن خىتايلارنىڭ ئۆيلىنىشىنى



( شەرقىي تۈركىستانلىقلار مال قوتانلىرى كەبى ئۆيلەردە ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا )

پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلماقتا. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى ئاران 45 - 50 دوللار بولغان ئاناۋەتىنىمىزدە، بىر خىتاي قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن تۈرككە ھۆكۈمەت 500 دوللارغا يېقىن پۇل ياردەم قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى ناۋادا يېزىلاردا ئىشسىز قالغان تۈرك يىگىتلىرى خىتاي قىزلىرى بىلەن ئۆيلەنسە، ئۇلارغا شەھەردە ئىش بې-

داۋامى 7 - بەتتە

# شەرقى تۈركىستاننىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى

( ئەيسا ئەفەندىنىڭ كونيا سېلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتىدە پەخرى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش مۇراسىمىدا بەرگەن دوكلاتى )


بېشى 6-بەتتە

رىغا نىلىقى ۋەمىنى دوللار پۇل ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرمەكتە، ئۇلاردىن بولغان باللار خىتاي ئانىلىرى تەرىپىدىن خۇددى خىتايغا ئوخشاش تەربىيىلەنمەكتە، خىتايچە مەكتەپلەرگە بېرىلمەكتە ۋە نوپۇسلىرىغا «خىتاي» دەپ ئەنگە ئېلىنماقتا.

خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقى تۈركىستان تۈركلىرىنى ئېرىتىپ يوقىتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن بۇيەرگە توختىماي خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئەكەلىپ يەرلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ياردەم قىلىش»، «خەلقنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش»، «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى يوقىتىش» دېگەنگە ئوخشاش باھانىلار بىلەن شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى ئارىسىدا مەجبۇرى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويماقتا. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان تۈركلىرىگە مەجبۇرى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشى، ئەسلىدە خىتاينىڭ ئاساسى قانونىغىمۇ خىلاپ. خىتاينىڭ ئاساسى قانونىدا، خىتايدىن باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇش چەكلەنگەن.

خىتايلار ئاتوم سىناقلىرىنى شەرقى تۈركىستاننىڭ لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بارماقتا. گەرچە شەرقى تۈركىستان خەلقى كۈچلۈك قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما، خىتايلار 1964-يىلدىن بۇيان لوپنۇردا 39 قېتىم ئاتوم سىنىقى ئېلىپ باردى. لوندوندىكى ئاتوم تەتقىقات مەركىزىنىڭ 94-يىل 4-ئايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، لوپنۇردا ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم سىناقلىرى نەتىجىسىدە ئەتراپقا تارقالغان رادىياكتىپ ماددىلار شەرقى تۈركىستاندا 210 مىڭ كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپچى بولغان. خىتايلار بۇيىل لوپنۇردا يەنە ئىككى ئاتوم بومبىسى ئېتىش تەييارلىقىنى تاماملاپ بولغان. قازاقىستاندىكى نەۋادا-سەممەي-لوپنۇر تەشكىلاتىنىڭ بەرگەن دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر شەرقى تۈركىستان نوپۇسىنىڭ يۈزدە 10 پىرسەنتى ئاشقازان، ئۆپكە كېسەللى ۋە تۈرلۈك قان كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان. مېيىپ تۇغۇلغان باللارنىڭ ھەددى-ھېسابى يوقتۇر. پەقەتلا تارىم ئويمانلىقىدا يېتىشتۈرۈلگەن مېۋە-چېۋە، كۆكتات ۋە، بۇرا يۇرتلاردا ياشاۋاتقان ھايۋانلار رادىيو ئاكتىپ ماددىنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىماقتا.

ئەڭ مۇھىم بولغىنى، شەرقى تۈركىستاندا ھازىر ئاتومنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان توغرا-دۇرۇس بىر دوختۇرخانا يوق. ئازغىنە بىرقانچە دوختۇرخانىلاردا ئىشلەيدىغان دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىتايلاردىن ئىبارەت. ئۇلار دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ كېلىنگەن يەرلىك كېسەللەرنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىمايۋاتىدۇ. خىتاي دوختۇرلار تىل بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەرلىك كېسەللەرنىڭ كېسەللىكىگە توغرا دىياگنوز قويالمايدۇ. بۇسەۋەپتىن، شەرقى تۈركىس-






( قۇللۇق ۋە نامراتلىقتا ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار )

تاندا بالنىستا ياتقان تۈرك كېسەللىرىنىڭ يۈزدە 70 پىرسەنتى دەل ۋاقتىدا تېگىشلىك تەدبىر ئېلىنمىغىنى ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ!

بىر شەرقى تۈركىستانلىق تۈرك 1994-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى ئەنقەرەدە كۆرۈشكەن ۋاشىنگتون تايمىس گېزىتىنىڭ مۇخبىرىگە شەرقى تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«شەرقى تۈركىستانغا ھەركۈنى يەتتە مىڭ خىتاي كۆچمىنى كېلىۋاتىدۇ. ئىقتىسادى سىياسەتتە پەقەت خىتايلارلا كۆزدە تۇتۇلغان. پۈتۈن ئىشلار خىتايلارغا بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تۈركلىرى ئىشسىز يۈرمەكتە. ئەڭ ياخشى ئۆيلەردە خىتايلار ئولتۇرىۋاتىدۇ. بىز بولساق كوچىلاردا يېتىپ-قوپىۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ قورسىقى توق، بىز بولساق ئاچلىقتىن پەقىراپ يۈرىمىز. بىز پەرىشانلىق ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. ئۇلار بولسا راھەت-پاراغەتتە ياشاۋاتىدۇ. شەرقى تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان خىتاي باللىرى بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە بىلمەيدۇ. ئەمما، بىزگە خىتايچىنى ئۆگىنىشنى مەجبۇرلاۋاتىدۇ. بىز ناھايىتى ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە قالدۇق. ناھايىتى كۆپلىگەن ئۇيغۇر تۈركلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ھازىر بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىدە چەتئەللىككە ئايلىنىپ قالدۇق».





تېنچلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئىزدىگەن شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى، «ئىسيانچى»، «ئۇنسۇر»، «مىللى بۆلگۈنچى» ۋە «خەلقنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان يامان نىيەتلىك ئۇنسۇرلار» دېگەنگە ئوخشاش «گۇناھ»لار بىلەن ئەيىپلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، قىيىن-قىستاققا ئېلىنماقتا ھەمدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنماقتا.

خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستان تۈركلىرىگە يۈرگۈزگەن بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان سىياسەتلىرى، كۆپلىگەن خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە ئاۋۇستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان دوكلاتلاردا كۆپ قېتىم قەيت قىلىندى.

شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى بۈگۈن ياكى ئۈن-تۈنسىز ھالدا ئېرىپ تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇلۇپ كېتىش، ۋە ياكى كوللىكتىپ ھالدا قوزغىلاڭ قىلىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇشتەك بىر خەۋىپلىك ھالغا كەلدى. بۇ ئەھۋاللار شەرقى تۈركىستاننى پارتىلاشقا ھەر زامان تەييار تۇرغان بىر سائەتلىك بومبا ھالىغا كەلتۈردى. ناۋادا شەرقى تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ بۇ ئېرىتىپ يوقۇتۇش سىياسىتىگە قارشى جىددى بىر تەدبىر ئالمىسا، ئۈن-تۈنسىز ھالدا تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇلۇپ كېتىدۇ! ناۋادا شەرقى تۈركىستانلىقلار قەھرىمانلارچە ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرۈپ كوللىكتىپ قوزغىلاڭ كۆتەرسە، ئۇ ھالدا بۇ ھەرىكەت قىرغىنچىلىق بىلەن تاماملىنىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا بېيجىڭدىكى دېموكراتىيە تەلەپ قىلغۇچى ئوقۇغۇچىلارنى قىلچە تەپ تارتماي تانكىلارغا باستۇرغان كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى، شەرقى تۈركىستان تۈركلىرىنى خۇددى بىر توخۇنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈشكە ھازىردۇر!

داۋامى 8-بەتتە

# شېئىرىيەت سەھىپىسى

## ئانام! پاتىمەخانىم ئانام!

مۇھەممەت قاسىم ئىمىن تۈركىستانى



ياشلىقىدا باش بېرىپ ئەل يېتىشتۈرگەن ئانام،
شەخسىي سائادەتنى قويۇپ جەڭگە ئاتلانغان ئانام.

نەۋجاۋان ۋاقتىدىلا ئىسياغا دوست بولغان ئانام،
ئىسيانى قوياپ تورۇپ يۇسۇپنى ھەم باققان ئانام.

ئەيش ئىشرەتكە بېرىلمەي ئۆزىنى قۇربان بېرىپ،
ياش ئۆزۈمدەك ۋاقتىدا تەرەك داۋان ئاشقان ئانام.

ئۆزبېكىستان يۇرتىدا مىللىي كۆرەشچىلار بىلەن،
داستىخان ئۈستىدىلا ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئانام.

يۇرتنى ئوبدان تونۇپ ئىسيانى پەيغەمبەركەبى،
ھەر جاپا مېھنەت بىلەن بۆشۈكنى تەۋرەتكەن ئانام.

يۇرتنىڭ ئازاتلىقى مۇرادى مەقسىتى ئىدى،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلىغا مۇرات ئېيتىپ قويغان ئانام.

مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆزبېكىستاندىن كېتىپ،
يېگانە ... تۇل بولۇپ يىللارنى ئۆتكۈزگەن ئانام.

مىللەت ئۈچۈن قايغۇرۇپ كورلىغا بارماق قەيتىدە،
بەركەن سەھراسىدا يول كۈتۈپ ياتقان ئانام.

نەۋجاۋانلىق ۋاقتىنى قۇربان بېرىپ يوللار بېسىپ،
باندىت ھىملايادىن ئۆتۈپ كەتكەن ئانام.

ئۇزامان كەشمىر ھىندىستان بامبايى كېچىپ،
دېڭىز يولى ئايلار يۈرۈپ شاڭخەينى ئىستىرەتكەن ئانام.

ياشلىقىدا جاننى ئوتلارغا تىقىپ،
قاچمۇقاچ كۆچمەن بولۇپ ئىسيانى قۇتقازغان ئانام.

ھەر شەھەردە ئۆي تۇتۇپ ھويلىلارنى كۆللىتىپ،
بىر ماكاندا ئۆتمىگەن ۋەيران بولۇپ يۈرگەن ئانام.

يىغلىغان مىللەتكە سەن ئوزۇق بېرىپ،
ھەر بالىغا سەۋرى دەپ كۈلگەن ئانام.

مىللەتنىڭ خوشلىقىغا جان بېرىپ،
بومبىلار ئاستىدا ھەم يۈرگەن ئانام.

بۆۋە تەنسىزلىك بىلەن كۆچمەن بولۇپ،
بالىلارنى ھەر شەھەردە بىردە بىر تۇتقان ئانام.

بۆگۈدەكلەرنى ھامان باقماق ئۈچۈن،
چۆل سەھرالاردا توشقان كەبى باققان ئانام.

بوجاپا بىرلەن ئانام ئوتتۇزنى ئۆتكەزدىنىڭ يىلى،
قىرىق يىلى ئىستامبولى ئارماندا ئۆتكەزگەن ئانام.

سۆزلىرىڭ شېرىن ئىدى مۇڭلۇق ئىدى،
مىللەتنىڭ ھەممىگە ئاش ئوزۇق بولغان ئانام.

ئۆيلىرىڭ جەننەت مىسال ھالىڭ خاراپ،
مىللەتنىڭ قىزلىرىغا ھەمساۋاق بولغان ئانام.

ھەرزامان ئۆيگە كىرىپ باقتاندىلا،
ئەل ئۈچۈن تۇرغاندىلا خوشلۇق ئانام.

مىللىتىڭنىڭ ئازاتلىقى سەن بىلەن بولسا ئىدى،
جانلىرىڭ ياشناپ كېتەردى تاتلىقىم شېرىن ئانام.

سەن كېتىپ قالدىڭ ئىسيانى كىمگە تاپشۇرۇپ،
سىزگە كىم باقۇن؟ ھامان مۇڭلۇق ئانام.

ئاخىرەتكە كەتتىڭ دۇنيادا راھات كۆرمىدىڭ،
جەننەتنى بىردە بەردە ... ئارام بىلەن ئۇخلا ئانام.

## شېئىرلار

مەھمۇت ئەكرەم

### چىقتىم

زۇلۇم-خورلۇق ئازابىدىن ۋەتەندىن باش ئېلىپ چىقتىم،
ۋەتەننى تەرك ئېتىش تەككەن يۈرەكلەرنى تىلىپ چىقتىم.

يۈرەكتە لەختە-لەختە قان، بولۇپ گويا كى بىر ئىمجان،
بېشىمغا تۆككۈمەس دەردۇ-ئەلەملەرنى سېلىپ چىقتىم.

ۋەتەن ئىشقىدا كۆيگەن غېرىپ ۋەتەن سەۋداسى مەن،
ۋەتەن دەپ ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چەككىنىمنى بىلىپ چىقتىم.

پەلەك بىزلەرگە ئاچ پۈتتى، خەلق زۇلمەتتە خار ئۆتتى،
ئەرك-ھۆرلۈك مېنىڭ غايەم شۇمەخەتتىن كېلىپ چىقتىم.

ۋەتەننى باستى ئاچ ئاپەت، جۇدا شىتىن قالمىدى تاقەت،
تىلەپ مەدەت بىلەن ئاممەت جان پىدا قىلىپ چىقتىم.

ۋەتەننى سۆيمەك ئىماندىن، كۆرەشمەك مەخمۇدۇ ... اندىن،
ئاتاپ ئەلگە ھايا تىمنى كۆرەش سازىن چېلىپ چىقتىم.

### كەچ

ۋەتەننى خەۋپ-خەتەر باسسا، ئەزىز شېرىن جاندىن كەچ.
ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە، بۆتەگىز جاھاندىن كەچ.

قەدىردان دوست ساڭا ھەمدەم، مەدەتكار ىگدۈر ھەردەم.
گەر دوستقا بەلا كەلسە، جىمى دۇنيا-مالدىن كەچ.

بولماق يارغا چىن ئاشنا، گۈل ھۆسنىگە سەن تەشنا.
نىگارغا خۇددى پەرھادتەك، تاجۇ-تەخت شاندىن كەچ.

ۋەتەندۇر مېھرىبان ئانا، خەلقىڭ جاپاكەشدانا.
ۋەتەن خەلقىڭ ئۈچۈن مەخمۇد جاندىن كەچ، جاناندىن كەچ.

### بارمۇ؟

بۇ دۇنيادا خەلقىمدەك بىچارە ئىنتىزار بارمۇ؟
ئەركىدىن جۇدا بولغان جېنىدىن ھەم بىزار بارمۇ؟

ئاچ ياۋغا بولۇپ مەھكۇم، ئازاتلىقىدىن بولۇپ مەھرۇم،
ئەسىرلەپ ئازاپ چەككەن قۇلدەك غەمگۈزار بارمۇ؟

ئابادىي گۈلۈستانلار زۇلۇم ئىچىدە گورۇستانلار.
ئۇلۇم قىرغىن ھالاكەتدىن مۇنداق جىق مازار بارمۇ؟

ئۆز يۇرتىدا ئۆزى خار، قىلالماس دەردىنى ئىزھار،
ياۋ قەستىن قىلىپ ئاشكارە قىسقەتنى يازار بارمۇ؟

دەرتمەن دەردىگە يەتەر پەقەت دەرتمەن دىلى خەستە،
خەلقىم ھالىغا يەتەر مەدەتكار بارمۇ؟

ھۆرلۈك ۋەسلىگە يەتمەك، مۇقەددەس ئۇلۇغ مەقسەت،
جاھاندا خەلقى مەخمۇددەك ئەرك-ھۆرلۈككە زار بارمۇ؟

### بولماس

بۇ تەقدىر يازمىشى-دەپ قول كەبى خار ئۆتۈپ بولماس،
ئاھ ئۇرۇپ ئىلتىجا ئەيلەپ، ھۆرلۈكتى كۈتۈپ بولماس.

... ئەگەر بىز ... كۆرمەي ھېچ ئىسلاھىڭ يوق،
... باش ئېگىپ يېتىپ بولماس.

رەقىپ بەك ھەددىدىن ئاشتى، ئاھىم چېكىدىن ئاشتى،
مەھكۇملۇق دەردىنى ئىچكە ئۆتمىسىز تېخى زۇتۇپ بولماس.

رەقىپنىڭ تەسىنى قۇرۇتماق، مىللەت ئانۇ-نەسلىنى،
كېچىپ ھەقنى-ھوقۇقلاردىن ياۋغا باش تۇتۇپ بولماس.

رەقىپنى گويا ... ، ... ، ... ،
... تارقاپ، كۆرەشتە ئۆتۈپ بولماس.

كۆتمىگىن مەخمۇد ئادالەت، ياۋدا يوق ئىنساپ-نومۇس،
ئازاتلىقنى كېچىپ ئەلا ئەلنى تەرك ئېتىپ بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# قۇتۇلۇش نۇقتىسى شەرقىي تۈركىستانغا كەلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، تۈرك ئوچاقلىرى جەمئىيىتى (تۈرك ئەنئەنىسىنى قوغداش جەمئىيىتى) تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابلىرىنىڭ لىدېرى، بۈيۈك مۇجاھىد ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ تۈركىيەدىكى ئۇنۇتۇلمەس خىزمەتلىرى تەرىپىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئەيسا ئەفەندىمنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى قۇتلۇقلاش يىغىنىغا، تۈركىيەنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر زاتلىرى، ئەيسا ئەفەندىمنىڭ كۆپ ساندىكى دوستلىرى، بىر قىسىم سابىق مىللەت ۋەكىللىرى ۋە مىنىستىرلاردىن بولۇپ يۈزگە يېقىن كىشى قاتناشتى.





يىغىندا ئەيسا ئەفەندىم سۆز قىلىپ، تۈركىيە باشچىلىقىدىكى بارلىق تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە ئورتاق بىر ستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەيسا ئەفەندىم مۇنداق دېدى: «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەسىر كۆرسىتىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا جىددىي ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانماقتا. مەيلى خىتاي قانچىلىك تىرىشسۇن، ئەمدى قۇتۇلۇش نۇقتىسى شەرقىي تۈركىستانغا كەلدى».

ئەيسا ئەفەندىم يىغىن ئەھلىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، خىتاينىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان بېسىمى سەۋەبىدىن شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىگە جىددىي ياردەم بېرىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى.

ئەيسا ئەفەندىم ئەنقەرەدىكى بىرقانچە كۈنلۈك زىيارىتى داۋامىدا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى تەنسۇ چىللەر، تۈركىيەدىكى ئىككىنچى چوڭ پارتىيە - «ئانا ۋەتەن پارتىيىسى»نىڭ رەئىسى مەسئۇد يىلماز، «دېموكراتىك سول پارتىيە»نىڭ رەئىسى، تۈركىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى بۈلەنت ئەجەۋىت، «رەفاھ پارتىيىسى»نىڭ رەئىسى ئەربەكان ۋە بىرقانچە مىنىستىرلىكلەرنىڭ مىنىستىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە قىزغىن مۇزاكىرىلەشتى.

# ئوسمان باتۇر مەڭگۈ ھايات




بۇ يىل، خىتاي ئىمپېرىيالىزمىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا قارشى خەلقنى قوزغاپ، تاكى بىر تال ئىنىقى قالغىچە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى باتۇرلارچە كۆرەش قىلغان ۋە 51 - يىلى خىتاي ۋەھشىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ باتۇرلارچە شېھىت بولغان ئوسمان باتۇرنىڭ ۋاپاتىنىڭ 43 يىللىقىدۇر. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك قەھرىمانىنى چەكسىز سېغىنىش ۋە ھۆرمەت بىلەن ئەسلىمەكتە.

مەشھۇر مۇجاھىت ۋە خەلق قەھرىمانى ئوسمان باتۇر 1899 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، شەرقىي تۈركىستاندا يېتىشىپ چىققان ئەڭ بۈيۈك قەھرىمانلارنىڭ بىرىدۇر. مىللىي قەھرىمان ئوسمان باتۇرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆزلىرى شۇلاردىن ئىبارەت: «مەن ئۆلۈشۈم مۇمكىن، ئەمما ... مېنىڭ خەلقىم تاكى پۈتۈن دۇنيا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى يوقاتقانغا قەدەر مۇجادىلىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ».

مەشھۇر مۇجاھىد ئوسمان باتۇر 1951 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچىدە خىتاي ۋەھشىلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. ئەمما ئېسىل پاك روھى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات! شېھىتلىرىمىزنىڭ قېنى ھەرگىز بىكارغا ئاقمايدۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى باتۇر شېھىتلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلىكى ۋە ئەركىنلىكى، شۇنداقلا ۋەتىنىنىڭ ئىستىقلالىيىتى ئۈچۈن ئالدىنقى كۆرەش قىلىدۇ!

ئوسمان باتۇرنىڭ شېھىت بولغانلىقىنىڭ 43 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، لىدېرىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز ئوسمان باتۇرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئائىلە - تاۋاباتلىرىدىن گېزىت نامى بىلەن ھەممىگە سالام يوللايدۇ! جانابى ئاللاھتىن ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە بەخت - سائادەت تىلەيدۇ! ئامىن!

# شەرقىي تۈركىستان بايرىقى مەككىدە



1993 - يىلى ھاجى مەزگىلىدە سۈيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى تۇنجى قېتىم مەككىدىكى ئاراپاتتا جەۋلان قىلىپ، ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى چەكسىز ھاياجانغا سالغان ئىدى. بۇ يىل ھاجى مەزگىلىدە، شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلار چوڭ شەكىلدە ئاراپاتتا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى يەنە قايتىدىن جەۋلان قىلدى.

ئۆز ۋەتىنىنىڭ نۇرلۇق بايرىقىنى كۆرۈپ چەكسىز سۆيۈنگەن نەچچە مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلار خۇدادىن بۇ بايراقنىڭ تېزرەك شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا جەۋلان قىلىشىنى تىلىدى!



گېزىت ئىدارە ھەيئىتىدىكىلەر:
گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش مەسلىھەتچىسى: ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن
گېزىت مەسئۇلى: ئارسلان ئالپتېكىن
باش تەھرىر: پەرھات يۇرۇڭقاش
مۇئاۋىن باش تەھرىر: شاخەلىل بوزقۇرت
ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە. كەلگەن ماقالىلەر قايتۇرۇلمايدۇ.
گېزىتىمىز ئادرېسى: Yenikapı N. Kemal Cd. Yalı Mh. No. 79/2 Aksaray – İSTANBUL
تېلېفون: Tel : (0212) 586 07 51
فاكس: « 529 58 67 – 68